## 12292 ـ كۆچىنىڭ يېتىشچە سىلە-رەھىم قىلىش زۆرۈردۇر

**سوئال**

مېنىڭ توي قىلغان ھەمشىرىلىرىم بار، دادام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئانامموۇ ياتلىق بولغان، مەن ئەسكىرى خىزمەت ئۆتەيمەن، ئۇلارنى يوقلاپ بارغۇم بولسىمۇ لېكىن ۋاقتىم يېتىشمەيدۇ، مەنموۇ توي قىلغان، مەن ئۇلارنى يوقلاپ ئائىلەمنى قويۇپ قويۇپ كەتسەم، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاز بولغاندا ئۈچ كۈن تۇرۇشۇم كېرەك بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئائىلە باللىرىم بىلەن بولۇپ قالىمەن، مەن ئۇلارنى يوقلىمىغىلى ئون ئايغا يېقىن بولدى، مەن سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن بولىمەنموۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تۇغقانلارنىڭ يېقىنلىق دائىرىسىدە كۆچىنىڭ يېتىشچە سىلە-رەھىم قىلىش زۆرۈر بولىدۇ، ئۇنىڭدا كۆپ ياخشىلىق ۋە پايدا-مەنپەئەت بار، ئۇنى ئۈزۈش چەكلەنگەن چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ تَوَلَّيْتُمْ أَنْ تُفْسِدُوا فِي الأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ أُولَئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ تەرجىمىسى: سىلەر ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى. [سۈرە مۇھەممەد 22-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىنسانلار ئارىسىدا مېنىڭ ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا كىم بەك ھەقلىق؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: ئاناڭ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەنتى: ئاناڭ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەنتى: يەنە ئاناڭ، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېگەنتى: داداڭ، دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 5626-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2548-ھەدىس].

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى ۋە رىزقىنىڭ كەڭرى بولىشىدىن خۇرسەن بولىدىغان كىشى سىلە-رەھىمنى ئۇلىسۇن.

بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ، سىزگە كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە سىلە-رەھىم قىلىشىڭىز زۆرۈر بولىدۇ، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى زىيارەت قىلىڭ، تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سوراڭ، تۇغقانلىرىڭىز كەمبەغەل بولسا پۇل-مال بىلەن ياردەم قىلىپ سىلە-رەھىم قىلىڭ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ تەرجىمىسى: كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھدىن قورقۇڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا تەرجىمىسى: ئاللاھ تائالا ھېچ كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئاللاھ ھەممەيلەننى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.